
# پەرىشتە ئانا ، ئالۋاستى بالا

(ھېكايە)

ئاپتورى: كەپسىز قىز (مېھرىگۈل)



ئېسىمنى بىلسەم دادام ئاشقازان راكى بىلەن ئاپام ئىككىمىزنى تاغاردا بىر قەرىزگە بوغۇق قويۇپ ئالەمدىن ئۆتكەن ئىكەن ،ئاپام بىچارا مەسۇم ،ھاردىم - تالدىم دېمەي ،دادامنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن ئالغان قەرىزلەرنى تۆگۈتۈش ئۈچۈن كېچىنى - كۈندۈزگە ئۇلاپ جاپالىق ئەمگەك قىلاتتى ،قەرىزلەرنى ئاز دېگەندەك مىنىڭ تۇرمۇش ،ئوقۇش خىراجىتىم قوشۇلۇپ ياش ئاپام قېرىماي تۇرۇپ موماي بولۇپ قالغان ئىدى . ئاپامنىڭ ۋاقىتسىز ئاقارغان چاچلىرىغا قاراپ ئۆزۈمنىڭ يارماس ئوغۇل بولۇپ قالغىنىمغا پۇشايمانىمۇ قىلىپ كېتەتتىم ،بۇنداق چاغلاردا پەرىشتە ئاپام كۆڭلۈمدىكىنى بىلىۋالغاندەكلا ،ئوماق تاھىرجان بالام ،سەن مىنىڭ يۈرەك پارەم ،مەن سەنسىز

http://ak22.blogbus.com

ياشيالمايمەن ،سېنىڭ بەختىڭ، خۇشاللىقىڭ ،مېنىڭ بارلىقىم ،پەقەت سەن ياخشى ئوقۇپ ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئىلىم ئىگەلەپ ،كەلگۈسىدە يارامىلىق ئادەم بولساڭلا مەن دوزاقتىكى ئوت دېڭىزغىمۇ كىرىشكە تەييار ،جېنىم بالام چوقۇم ياخشى ئوقۇپ مېنىڭ ئاق سۈتۈمنىڭ ئەجرىنى ئاقلا ،شۇنداق قىلالىساڭلا ،مەن ئىككىلا ئالەم سېنىڭدىن رازى بولمەن .

ئاپامنىڭ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ، ئەگەر دادام بىلەن ئاپامدىن كېيىن قالغان بولسام ،ئۆگەي ئاپىدىن بىرنى تېپىپ بېرىپ نەلەرردە ،كىملەرنىڭ كۆزگە قاراپ ياشاپ يۈرەتتىم ،كونىلارنىڭ "ئالتۇن باشلىق داداڭ بىلەن قالغىچە ،پاخما باش ئاپاڭ بىلەن قالغىنىڭ ئەۋزەل "دېگەن سۆزىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدۇم .ئىچىمدە ئۇلۇغ ئاللاھتىن ئاپامغا سالامەتلىك ئۆزۈن ئۆمۈرنىڭ يار بولۇپ ،مېنىڭ كېيىنچە كۆرىستىدىغان راھىتىمنىڭ مەلىكىسى بولشنى تىلىدىم ،ھەم چوقۇم ياخشى ئۆگىنىپ ئاپامغا جاۋاب قايتۇرماقچى بولدۇم .

ئۇلۇغ ئاللاھ بەندىسىنى كەچ قويغان بىلەن ئاچ قويمايدىكەن ،دادامدىن ئايرىلغان بىلەن مېربان ئاپامنىڭ جاپالىق ئەجرى ، ئۆزۈمنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن مەركىزى شەھەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتىغا شەھىرمىزدىن بىرنجى نەتىجە بىلەن ئۆتۈم ،ئالەمچە شاتلاندىم ،ئۆزۈمنى شۇنچىلىك بەختلىك سەزدىم ،ئۇلۇغ ئاپام مەندەك بەكرەك خۇشال ئىدى ،چاقىرىق كەلگەن كۈنسى كچىچە ئاپام جەينىماز ئۈستىدىن چوشمەي بىر نىملەرنى دەپ دۇئا قىلۋاتاتتى ،تويۇقسىز چاقىرقتىكى تۆت يېرىم مىڭ كوينىڭ غېمى كاللامغا كىرىپ قالدى .پۇلنىڭ غېمدە يېلاندەك تولغۇنۇپ ئوخلىيالمايۋاتاتتىم ،پەرىشتە ئاپام جەينىمازدىن قوپۇپ مېنىڭ تورۇسقا قاراپ ياتقىنى كۆرۈپ بېشنى سىلاپ تۇرۇپ ،

ـ جېنىم بالام ،مېنىڭ ئوماق تاھىرجان بالام ،پۇلدىن غەم قىلۋاتسەن ھە خاتىرجەم

بول بالام ،قېرى جانىم ئامان بولسا سېنى ئوقۇسىز قالدۇرمايمەن ،پۇلنىڭ غېمىنى ئۆزۈم جۆندەيمەن ،خاتىرجەم ئوقۇش تەييارلىقنى قىل دېدى ،

ئويلاپ كۆرۈڭلار دوسلار قېرى مۆكچەيگەن 50 ياشلىق تۇل خوتۇن قانداق جۇندەيدۇ بۇ پۇلنى ،بۇ يە 40 كوي ،400 كوي بولمىسا ،ئېغىر خۇرسىنۇپ ئاپامغا

ـ ئاپا ،ئەمدى ئوقماي سىزگە قارشايمىكىن دېدىم

ئاپامنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى تۇيۇقسىز نۇرلۇنۇپ كەتتى ،

ـ پوق يەپ قالمىغانسەن تاھىرجان بالام ،تۇلا قالايمىقان گەپ قىلماي ،چوڭ شەھەردىكى ئۇيۇنغا دۇم چۈشمەي ،ياخشى ئوقۇپ بەرسەڭ بولدى ئارتۇق گەپ قىلماي ئوخلا ـ دېدى, ھەم پىشانەمگە بىرنى سۆيۈپ ئورنىغا كىرىپ چىراقنى ئۆچۈردى ،ئۇزاقچە ئويلاندىم ،ئويلا ـ ئويلا ئاخرى ئالىي مەكتەپكە بېرىپ بىر تەرەپتىن ئوقۇپ ،بىر تەرەپتىن ئىشلەپ تۇرمۇش خىراجىتىمنى ئۆزۈم كۆتۈرمەكچى بولدۇم .

ناھىيە ، يېزا كادىرلىرىمىز مېنىڭ ئائىلە قىيىنچىلىقىمنى بىلىپ مېنىڭ ئوقۇش خىراجىتىمنى ھۆكمەتتىن ھەل قىلىپ بەردى ،ئاپامغىمۇ ھەر ئايدا تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىدىغان بولدى ،شۇنداق قىلىپ خاتىرجەم ھالدا ئالىي بىلىم يۇرتى بولغان ئۈرۈمچىگە ئانا يۇرۇت ،پەرەشتە ئاپام ،دوس ـ بۇرادەرلىرىمنى قالدۇرۇپ يېتىپ كەلدىم ،رەت ـ رەت بىنالار ،قاتار ـ قاتار ماشىنا ،مىغ ـ مىغ ئادەملەر ،مىنى ھەيرەتتە قالدۇراتتى ،ئونۇۋېرسىت ئىچمۇ بىزنىڭ يېزدىن چوڭ ئىدى ،ياتاق بىناسى ئىللىق ،يورۇق ئىدى ،مەكتەپ تاماقلىرى شۇنداق مىزلىلك ،مەن چوڭ بولۇپ كۆرۈپ باقمىغان رەڭگارەڭ ئىدى .

ياتاقتا مەن قەشقەردىن ،يەنە ئىككى ئاقسۇلۇق ،بىر كورلا ،بىر قارماي ،بىر ئۈرۈمچىلىك بولۇپ ئالتىمىز بىرگە تۇراتتۇق ،ئىككى ئاقسۇلۇق تۇۋەن تەبىقىدىكى باللار بولغاچقا ئاسانلا چىقىشىپ كەتتۇق ،قالغانلار يالغۇز پەرزەنتلەر ،باشلىق باللىرى

بولغاچ بىزنى ئارغا ئالمايتتى ،ھە دېسە بىزنى گەپتە چۈشۈرۈپ شاگخو قىلاتتى ،مەنگۇ كىچىكىمدىن ھاقاراەت ،جاپا ئىچىدە چوڭ بولغاچقا ئانچە ئېغىر ئېلىپ كەتمىدىم ،لىكىن ئىككى ئاقسۇلۇق دوستۇم دائىم ئۇلار بىلەن زۇكىرلىشاتتى ،

كۈنلەر ئايلارنى قوغلۇشۇپ ،جىدى ئۆتمەكتە ئىدى ،ئۆگىنىش رېتىمىز شۇنداق تېز ئىدى ،مەن بۇ مۇھىتقا ماسلىشىش ئۈچۈن ئۇنىسىز تىرىشاتتىم ،توختىماي ئاپامنىڭ سۆزلىرىنى ئەسلەيتتىم شۇڭىمۇ مىنۇت ۋاقتنى بىكارغا ئۆتكۈزگۈم كەلمەيتتى ،تىرىشقان ئاشار دەپ نەتىجىلىرىممۇ سىنىپ بۇيىۇنچە كۆزگە كۆرنەرلىك ئىدى ،بۇنىڭلىق بىلەن بۇشاپ قالماي تېخىمۇ بەك تىرىشاتتىم ،ئاللاھ ئەجىر ئەزىم بېرىپ يىل ئاخىردا ئەلاچى بۇلۇپ مەكتەپنىڭ بىرىنجى دەرجىلىك ئوقۇش موكاپات پۇلغا ئېرىشتىم ،قىشلىق ھەم يازلىق تەتىلدە ئۆيگە بېرىپ بىر ھەپتە تۇرۇپلا مەركىزى شەھەرگە قايتىپ كېلىپ ئىش تېپىپ يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمنىڭ پۇلسىنى غەملىدىم ،ئاپامغا ئىككى كۈندە بىر تېلىغۇن قىلىپ ئۆزۈمنىڭ تىنىچلىق خەۋىرىمنى ،ئاپامغا يەتكۈزگەچ ،ئاپامنىڭ ئامان ئىسەنلىكنى بىلىپ تۇردۇم ،ئىشلىگەن چىشلەيدۇ دەپ ئوقۇش خىراجىتىمدىن باشقا ئاپامغىمۇ ئاز بولسىمۇ پۇل ـ پۇچەك ،ئەرزان بولسىمۇ ئون ـ يىگىرمە يېلدىن بىرسىگە كىيىپ باقمىغان يېڭى كېيىم ئەۋەرتىپ تۇردۇم ،پەرىشتە ئاپام ھەر قېتىم مەن ئەۋەتكەن نەرسىلەرنى تاپشۇرۇپ ئالغاندە ماڭا تېلىغۇن قىلىپ توختىماي "رەھمەت تاھىرجان بالام رەھمەت"دېگەندە يۈركۈم ئېچشاتتى ،ئۈچۈپ بېرىپ ئاپامنىڭ باغرىغا ئۆزۈمنى ئاتقىم ،ئاپامنىڭ يېرلىپ چېپارقۇت بۇلۇپ كەتكەن تاپىنى ئاستىدا ئۆملەپ يۈدۈپ مەككىگە ئاپىرىپ ئاق سۈت ئەجىرگە جاۋاپ قايتۇرغۇم كېلەتتى ھەم ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ شۇنداق كۈنلەرگە ئۇلاشتۇرشنى تېلەيتتىم .

ئىككىنجى ئوقۇش مەۋسۇممۇ ئوخشاشلا ئالدىراشچىلىق ئىچىدە باشلاندى ،ياتقىمىزدىكى ئۆرۈمچىلىك دېدارنىڭ دادسى شەھەردىكى مەلۇم ئىدارىگە مۇئاۋىندىن

جاڭ بۇلۇپ ئۇسكەندىن كېيىن ئۇنىڭ گېپى تېخمۇ يوغاندىن ،كۇندە كەينگە كورلۇق ،قارمايلىق ئىككىسنى سېلىپ رېستۇران ،قاۋاق ،دېسكوخانىلاردىن كەلمەيتتى ،ياتاققا قايتىپ كەلسە توختىماي شۇ سورۇنلارنىڭ گېپىنى قىلىپ خوددى ئۆزلىرى ھىچكىم قىلىپ باقمىغان بىر ئىشنى قىلغاندەك ماختىنىپ سۆزلەيتتى ،ئاقسۇلۇق دوستۇمنىڭ بىرسى ئۇنىڭ سىپىگە قوشۇلدى ،ياتاققا تۆت ھاراقكەش ،بەڭگە بىلەن بىلەن ئىككى مۆمىن تاڭسىك قالغان ئىدۇق ،ئۇلار دەرس تاشلاپ قىز قوشلاپ يۈردى ،مەن شۇندىمۇ ئىرادەمنىڭ بوشاشتۇرماي تىرشاتتىم ،ئاپامنىڭ ئەجرىگە ،يازدا ئاياغ پۇلنى تېجەش ئۈچۈن يالاڭ يۈرۈپ ئاپتاپتا كۆيۈپ ،تىكەندە تاۋلانغان تاپانلىرىغا ،كېچىچە خەقنىڭ كىرىنى يۇيۇپ قان ئۇيغان قوللىرىغا ،باشقىلارنىڭ يىڭنە ئىشلىرىنى قىلىپ ناماز شام قارىغۇسى بولۇپ قالغان كۆزلىرىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن تىرشىپ ئوقۇۋاتاتتىم .

بىرشەنبە كۇنى دېدار بوگۇننىڭ ئۆزنىڭ توغۇلغان كۇنى ئىكەنلىكىنى توغۇلغان كۇننى xxدېسكوخانىسىدا ئۆتكۈزدىغانلىقىنى ،ياتاقتىكى ئوغۇللارنىڭ داخىل بولمىسا بولمايدىغانلىقى ئېيتتى،مەندىن باشقا تۆت ياتاقدىشىم قوشۇلدى ،مەن ھەر شەنبە ،يەكشەمبە دەم ئېلىش كۇنلىرى مەكتەپ ئاشخانىسىدا قاچا يۇيدىغان بولغاچقا بارماي ئۆز ئىشىمنى قىلماقچى بولدۇم ،بۇ چاغدا دېدار

ئوخو ,تاھىرجان بالام "بۇلار دائىم مىنى شۇنداق ئاتايتتى " ،قاچا يۇيۇپ ئالدىغان مۇئاشىڭنى مەن بېرەي ،مىنىڭ باھانىمدا بېرىپ ئوينىۋال ،كېيىنچە بىرەر ئىسىل يەرلەرگە كىرىپ قالساڭ ،ئاياغ سېلىپ تۇشۇك پايپاقلىرىڭ بىلەن سوكۇلداپ يۈرسەڭ بىز ياتاقداشلارنىڭ يۈزگە سەت "ۋىيت ، ، ، ، ، ، ،ھا، ، ، ، ، ، ،ھا، ، ، ، ،ياتاق ئىچىدىن ئەبجەش زاڭ كۇلكە كۆتۈرۈلدى "

،باشقا سىرتتىنىڭ ئادەملىرىنى چاقىرمىدىم ،شۇ بىزنىڭ ياتاقتىكى ئوغۇللار بىلەن ،مۇھابىتىمنىڭ ياتاقداشلىرى ،شۇ باھانىدە بىرەر قىز دوس تۇتۇپ قالامسەن تېخى

،ھى،،،،ھى،،،،پايدا كۆپ دەيمەن دېدى ،

باشقا ئوغۇللارمۇ توختىماي منى زورلاشقا باشلىدى ،ئادەم ئەتكەنگە تازىم ئەت دەيدىغان گەپ بار دېدىمدە ئۇلارغا ئەگەشتىم ،يول بويى خاتا يولغا ماڭغاندەك يۈركۈم دۈپۈلدەيتتى ،شۇندىمۇ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىدە ئۆزۈمگە تەسەللىي بېرەتتىم ،بولدى قىل تاھىر قاچانغىچە مۇشۇنداق ياشايسەن سەنمۇ ئادەم جاھان كۆرگەنگە بىر ـ ئىككى قېتىم دېسكۇخانغا كىرگەنگە نىمە بولاتتى دەيتىم ،

ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ،چېقىراق ناخشا مۇزىكا ئىچىدە ھىچكىم بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق ،ئالۋاستىلار ئوردىسىغا قەدەم قويدۇم ،

قىزلار ئالبۇرۇن كېلىپ بولغان ئىدى ،دېدار قىزلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ شوخلۇق بىلەن ـ ۋاھ سەتەڭلار كېلىپ بوپسىلەردە سەت بولدى ھە ،ماۋۇ بىزنىڭ ياتاقنىڭ ئوغۇللىرى بەك ياسانچۇق ياسىنشتا قىزلارنىڭمۇ كەينىدە قاپتۇ ۋېيسسسسسسسسسسسسسسسسسسيت

ھا،،،،ھا،،،،،،ئارلاش يالغان كۈلكىلەر ئىچىدە دېدار جازا شارابىي ئىچىشكە باشلىدى قالغانلىرىمىز ئۇنىڭ بېشىدا قاراپ تۇردۇق ،ئىچىپ بولۇلغاندا قىزلار بىزنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ،

تۇۋا جاھاندا مۇشۇنداق تاپتىن چىققان قىزلارمۇ بار ئىكەن ،ئۇلار قىزلار تونىغا ئورنىۋالغان قانخور تۈلكە جىنلار بولسا كېرەك ،توختىماي سېرىق يومۇرلار ئىچىدە رومكا سوقۇشتۇرۇپ ،تاماكىنى ئىتبارسىز قىڭغىر چىشلەپ سەھنە ئولتۇرسىغا چۈشۈپلىپ ئالا ـ تاغىل ۋاقىراپ" دىبا "خەلىق ئۇسۇلىرىغا جور بولاتتى ،ئىچىمدە بۇلارغا مىلىڭ لەنەت ئوقۇيتتۇم ،ئىست سەنلەرنىمۇ مېھرىبان پەرىشتە ئانلار بۇدۇنياغا ئاپىردە قىلغان ھە ،قېنى سەندىكى شەرمى ـ ھايا ،قېنى سەندىكى ئەدەب ـ ئەخلاق ،قېنى سەندىكى ئادىمى پەزىلەت ،داداڭ مۇشۇ مەيدىسى ئوچۇق دۈمبىسى ئوچۇق كېيىملەرنى كېيىپ

يۈرسەك ساڭا لەنەت ئوقمامدىغاندۇ ،ئاپاك ئۇ كېيىملەرگە ئوت يېقىپ كۆيدۈرمەمدىغاندۇ ،تووا چېركىلىك ھادىمىي ھايۋانلىق دېگەن مۇشۇ ئوخشىمامدىغاندۇ دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە پىچىرلايتتىم ،ياقامنى چىشلەپ يىپلىرىن يەپ بۇلاي دېگەن ئىدىم ،تۈيۈقسىز مۇزنىكا توختاپ سەھنىدىكى بىزنىڭ چولپانلىرىمىز قايتتىپ كېلىپ يەنە ئىچىشنى باشلىۋەتتى ،يېنىمدىكى كىينىشى شۇنچىلىك ئاددى بىر قىز ماڭا بىر رۇمكا ھاراقنى تەڭلەپ تۇرۇپ

ـ قېنى ھۆرمەتكىزگە بىرنى تۇتۇم دەپلا ھاراقنى پاك ـ پاكىز ئىچىۋەتتى ،دىېدار قۇمۇلغا بىر رۇمكا ھاراقنى تۇتقۇزۇپ ھە تاھىرجان قىزلاردىن كىيىن قالساق بولمايدۇ سەنمۇ بۇ زۆھراخاننىڭ ھۆرمىتىگە بىرنى كۆتۈرۈۋەت دېدى

مەن ئاستا ئۇستەلگە تېزىقلىق قىزىل چاينى قۇلۇمغا ئېلىپ

ـ قەدىرلىك ساۋاقداشلار مەن ئەزەلدىن ھاراق ئىچىپ باقمىغان شوڭا مىنى توغرا چۈشىنىشڭلارنى ئۈمىد قىلمەن ھاراق ئورنىغا چاي ئىچەي دەپلا بىر بوتۇلكا قىزىل چاينى تىنماي تۇرۇپ ئېچۋەتتىم ،

بۇ ھېساب ئەمەس ،دېدار ياتقىڭلاردا خېلى مەرىت ـ ئوغلانلار بارمىكىن دېسەم ئىنجى ـ مەرۇق خېنىم مىجەز غىتمەكلەرمۇ ئاز ئەمەسكەن ھە دېدى دېدارنىڭ قىز دوستى رەنا ،ئۇنىڭ ئۇن خالتىسىغا چىلىنىپ چىقاندەك قېنىق سۇرۋالغان ئۇپا ئەڭلىك يۈزلىرى كۆزۈمگە تېخمۇ سەت كۆرىنىشكە باشلىدى

خېنىم سىزگە ھاراق ئىچىپ بەرسەم ھەققىيى ئوغۇل بالا بۇلدىكەنمەندە ،قاراڭ تۇرقىڭىزغا ،قايسى مىللەتكە ئوخشاپ قالدىڭىز ،ئاتا ـ ئانىڭىز مۇشۇنداق يۇرشىڭىزگە روخسەت قىلامدۇ دېدىم زەردە بىلەن ،

ھوۋۇش ،دېدار نەدىكى بىر تومپاي سەھرالىقلارنى سورۇنغا باشلاپ كېلىپ ئادەمنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇپ دېدى

نمه دەيدۇ ماۋۇ جىن سارگى دەپ بىر هاراق بوتۇلكىسىنى قۇلۇمغا ئېلىشىمغا دېدار بىلەن قېشىمدىكى هېلقى زۆهرا قىز ئېيىلىشۋالدى ،

توۋا ،،،،توۋا ،،،،چىرايلىق ئوينايپ چىقىپ كەتسەك بولمامدۇ ،دېدى زۆهرا

شۇنى دەيمەن تاھىر قىز بالغىمۇ قول كۆتۈرۈپ چىقامدۇ دەيمەن ،ئەركەك بولغاندىن كىيىن ئاچىقىڭنى باس ماۋۇ بىر تال تاماكىنى لەزەتلىنىپ چەك ،ئاندىن بىر رۇمكا ئۇتلا ،كەيپىياتىڭ ياخشىلىنىدۇ دېيىشكە هېلقى بىرنىمە يەنە

بولدى قىلغە دېدار ئۇ بۇ رۇمكا هاراق ئىچەلىسە بايقى گەپلەرنى قىلىپ سورۇننى سۇۋۇتمىغان بۇلاتتى دېيىشكە دېدار

ئەگەر تاھىر بۇ رۇمكا هاراقنى ئىچۋەتسە قانداق قىلسىز دېدى

قانداق قىلاتتىم ،ئىگىلىپ تۇرۇپ كەچۈرۈم سوراپمەن هەم بىر مەيدان تاڭسىغا تەكلىپ قىلمەن دېدى ،

بولدى هۆرمەتلىك خېنىم سىز يەنىلا دېدار بىلەن بىرگە تاڭسا ئويناڭ ،دەپلا رۇمكىدىكى هاراقنى تىنىماي ئىچۋەتتىم ،ئەتىراپىمدىكى هەممە چاۋاك چېلىشىپ كەتتى ،

ئۇ قىز ئالدىمغا كېلىپ ئىگىلىپ تۇرۇپ تاھىرجان مىنى كەچۈرۈڭ دېدى هەم مەن بىلەن بىر قول تاڭسا ئويىنىسىڭىز دېدى ئاينىاقشىپ تۇرۇپ

بۇ هاكاۋۇ ئالۋاستىنى باش ئەگدۈرگۈنۈمدىن رازى بولساممۇ لىكىن نىجىس هاراققا يۇلقۇپ قالغىنىمدىن پۇشايمەن قىلدىم ،توختىماي زورلارشلار ئىچىدە بىرنجى، ئىككىنجى ،ئۈچۈنجى ،تۆتىنجى رۇمكا هاراقنى بىئارامىلىق ئىچىدە ئىچىتىم ،مەسلىك پەسلىك دەپ ئادىمىي هايۋانلارغا قوشلۇپ پۇلاڭشىپ ئۇسۇلغا چۈشەتتىم ،بېشىم پىقىراپ قېنىم قىزىپ ئۆزۈمنى يوقتۇپ قويغان ئىدىم ،تاماكا چەكتىم چەككەندىمۇ چوڭ دادىسىنى چەكتىم ،ئاسماندا ئۇچۋاتىمەن ،لەپىشىپ ئۇچۇپ ئۆزۈمنى شۇنچىلىك بەختىيار سېزۋاتىمەن ،

بىر چاغدا بىر يەرلەردىن بىرسىنىڭ قاتتىق ۋاقىرشى بىلەن چۆچۈپ ئويغاندىن قارسام ناتونۇش بىر يەر يۇگۇرۇپ سىرتقا چىقسام ياتاقتىكى بەش تاز تېلۋىزور كۆرۈپ ئولتۇراتتى ،

دېدار مىنى كۆرۈپ

ئوخو بالاڭزا سەن بەك چاتاق ئىكەنسەن جۇمۇ بىر رۇمكا قىقۋالساڭ ئادەمنى ئەنسىرتىپ ساراڭ قىلدىكەنسەن ،خەلپىتىم كۇلمەيتۇ كۇلسە تىلقىپ كىتىپتۇ دەپ ،ئىچىدىغاننى ئىچىپ ،چېكىدىغاننى چېكىپ ئارامىڭدا يۇرمەي قىزلارغا قانات سۆرەپ تاس قالدىڭ ئادەمنى بالاغا تىقلى ،ماڭ يۇزۇڭنى يۇيۇپ قورسىقڭنى ئەستەلە ،مەكتەپكە قايتايلى ،بولمىسا ئەتە مۇئەللىمنىڭ تىل ـ دەشناملىرىدا ئۆلمىز دېدى ،ئاستا تازلىق ئۆيگە كىرىپ يۇز كۆزۇمنى يۇدۇم ،ئەينەكتىكى چىرايىمغا قاراپ تۇرشىمغا كۆز ئالدىدا ئاپامنىڭ سىماسى پەيدا بولدى ،

ئاپام ماڭا نەپرەتلىك قاراۋاتاتتى ،قىلغىنىڭ خاتا تاھىرجان بالام ،نىمىش قىلىپ يۇردىغانسەن ئۆزۇڭنى تاپ دەپ نەسىھەت قىلۋاتتاتتى ،بىر تامچا ياش كۆزۇمدىن سىرغىپ چۈشتتى ،يۇزۇمنى توختىماي يۇدۇم ،دە تاشقىرقى ئۆيگە چىقتىم ،

بۇ كىمنىڭ ئۆيى دەپ سورشۇمغا دېدار يەنە مەنمەنلىك بىلەن ،مىنىڭ ئۆيۇمدە، دادام ئۆتكەن ئايدا ئېلىپ بەرگەن ھىلمۇ بۇ ئۆي بۇلۇپ قاپتىكەن بولمىسا نەلەردە كىچىنى ئۆتكۆزەتتۇقكىن تاڭ ،ھەقاسىڭدەك قۇڭالتاق گۇيلار كۆتۇڭگە ئون قېتىم تەپسىمۇ بىر تەڭگە چۈشمەيدۇ دېدى ،ھەممىز ئارتۇق گەپ قىلماي ،قېتىپ قالغان نانلارنى مۇراپپاغا تۇگۇرۇپ قورساقنى ئەستەلگەندىن كىيىن ياتاققا قايتىپ كەلدۇق ،ھەممىسى پۇقۇرتۇپ تاماكا چېكىشكە باشلىدى ،مەنمۇ بىلىپ بىلمەي دېداردىن تاماكا سۇردۇم ،

ئوخو تاھىرجان بالام سىلمۇ ئۆگەندىلمۇ تاماكا چېكىشنى يارايسلە جۇمۇ مانا ئوغۇل

بالا ئەركەك ،بولدى بىر ئايلىق تاماكا پۇلۇڭ مەندىن ،قېنى بالا تاھىرجان بالمىزنىڭمۇ بىزنىڭ سىپىمىزگە قوشۇلغىنى تەبرىكلەيمىز چاۋاك دېدى ،ھەممىسى ۋىيىسسسسسسسسسسسسسسسسسسسسسسسسسست دەپ ئىسقىرتىپ چاۋاك چالدى خېجىل بولغان بولسامۇ لېكىن دېدارنىڭ تاماكىسىنى چەكتىم ،مەنلا ئەمەس ياتاقتىكى ھەممىمىز لەزەت بىلەن چەكتۇق ،لەپىلدەپ ئاسماندا ئۇچۇپ ،كۆزلىرىمىز خومارلىشىپ كارۋاتقا ئۆزىمىزنى ئېتىپ راھەت ھېسلار ئىچىدە بەخىت بۇشكىدە ئەللەيلىنىپ ،زامان راھىتىنى سۇردۇق ،كۈندىن كۈنگە بىخۇتلۇشۇپ ،ئىش خوش ياقماس بولدى ،دەرىستىن سىرتقى ئىشلەش دەيدىغانلارسۆزلەر مىنىڭ لوغەت تەركىۋىمدىن چىقىرىپ تاشلاندى ،ياتاقتىكى ئالتە ئوغۇل بالا ياتاقتىن چىقماي ،تاماقمۇ يېمەي قۇرۇق تاماكا چېكىپ ياتقىنىمىز ياتقان ئىدى ،مۇئەللىم تولا قاخشاپ بىزگە گەپ ئۆتكۈزەلمىدى ،ئاپامغىمۇ نەچچە يالغان سۆزلەپ پۇل سالدۇردۇم ،ئۆزۈم ئالغان تاماكا مىنىڭ خۇمارىمنى باسالمايتتى ،شۇڭا پۇل تاپسامال دېدارنىڭ چۆنتىكىگە تاشلايتتىم ، بىركۈنى ئاقسۇلۇق دوستۇم يېغلاپ تۇرۇپ

تاھىر بىز ئاق تاماكاغا خومار بۇلۇپ قاپتۇق دېدى ،بېشىمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى ،

توۋا دە بىز نەدە ئاق چېكىمىز

كۈندە دېدار بىزگە بەرگەن تاماكىغا ئارلاشتۇرغان ئىكەن

ئۆزۈمنى تەستەكلەپ نەچىنى ئۇردۇم ،تامغا ئۇسۇدۇم ،تامنى مۇشلاپ باقتىم ،ئۆزۈمنىڭ بۇ نىجىس نەرسىگە يېقىن يولاپ قالغىنىمگە پەقەت ئىشەنگىم كەلمەيتتى ،شۇ ئەسنادا دېدار كېلىپ كەلدى ،مەن ئۇنىڭ ياقىسىنى سىقىپ تۇرۇپ

ھۇ ھاراملىق ئېيتە سەن بىزگە ئاق تاماكا چەكتۈردىڭما دەپ سۇردۇم

ئۇ دەسلەپ پەقەت تەن ئالمىدى ،كېيىن ،مىنىڭ ئەلپازىمنى كۆرۈپ قورقتى بولغاي

،يېغلاپ تۇرۇپ ،

ئاداش مەنمۇ خومار بۇلۇپ قاپتىمەن ،

قاچاندىن باشلاپ دەپ سۇردۇم

شۇ تۇغۇلغان كۇنۇمدىن باشلاپ ،مەنمۇ سىلەر بىلەن تەڭ چېكىپتىمەن ،ئوخشاش كۇندە دېگىنە ،

ئۇ تاماكىلار كىمنىڭ ئىدى

كىمنىڭ بۇلاتتى شۇ رەناننىڭ ،ئۇ پاسكىنا مەن بىلەن مەخسەتلىك ئارلىشىپتىكەن ،ئۇنىڭ ئەسلى ئىچكىرگە كىرىپ چىقىدىغان ئوغرى ھەم ئاق ساتىدىغان مۇھابىتى بار ئىكەن ،ئۇ ھەر جۇمە كۇنى ئايرۇپىلان بىلەن ئىچكىرگە كېرىپ يەكشەنبە كەچ قايتىپ چىقىدىكەن ،بۇ بۇزۇق بۇ ئىشلارنى ياتقىدىكىلەردىن يۇشرالماي ئۇلارنىڭ تامقىغا ئاق ئارلاشتۇرۇپ قىزلارغا يىگۇزۇپتۇ ،ئۇلار بىلمەي يەۋېرىپ خومار بۇلۇپ قاپتۇ ،ھەر ئايدا قىزلارنىڭ ئۆيدىن پۇل كەلسە رەناغا بېرىدىكەن ،بۇ پۇلار ئۇلارنىڭ خومارنى باسقىدەك تاماكىغا يەتمىگەچكە ئىپتىنى سېتىپ پۇل جۆندەپ رەناغا بېردىكەن ،كېيىنچە رەنا بىلەن بىرگە ئىچكىرگە كېردىغان بوپتۇ ،ئىچكىردىكى شېرىكى ساقچىلارنىڭ قۇلغا چۇشۇپ قالغاچقا بىزنىڭ مەكتەپتىن ئوۋ نىشانى ئىزدەپ بىزنىڭ ياتاقنىڭ ئوغۇللىرىن پايلاپ يۇرۇپ مىنى ئىندەككە كەلتۇرۇپ ئاندىن مەن ئارقىلىق سىلەرنى زەھەرلەپتۇ ،مەنمۇ بۇ ئىشلارنى تېخى بىر ھەپتە بۇرۇن رەناننىڭ ھېلقى ياتاق دېشى يالغان زۆھرەدىن ئوقتۇم،ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى گۇلمىھرە ئىكەن ،سىلەرگە دەي دىسەم سىلەرنىڭ مىنى ئەيىپلىشىڭلاردىن قورقتۇم ،شۇڭا سىلەرنىڭ ئازغىنە پۇلۇڭلارنى ئېلىپ تاماكا ئالدىم ئۇنى يەتكۇزەلمەي دادامدىن ،ئاپامدىن ،تۇنۇش بىلىشتىن قەرز سوراپ قەرزگە بوغۇلدۇم ،ئاخىر بولماي ھېلقى دادام ئېلىپ بەرگەن ئۆيىنمۇ 60 مىڭ سومغا سېتۇۋەتتىم ،بۇ پۇلمۇ بىزگە بىرەر ئايغىچە يېتىدۇ ،ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا ئامال

قىلمىساق بولمايدۇ ،

باشقا ئوغۇللارنى چاقىرىپ ئەكىرىپ بۇ ئىشلارنى ئۇلارغا ئېيتتۇق ،

ھەي ھەر كالىدا ھەر خىيال دېگەندەك ھەممىسى ھەرخىل مەسلىھەت بەردى

ئۇ بوزۇقلارنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى يەنە باشقىلارنى زەھەرلەپ يۇرمىسۇن ،ئاندىن ئۆززىمىزنى ئۆلتۈۋالايلى

ۋاي ماڭا ساراڭ بولدۇڭمۇ ،بىزغۇ ئۆلۈپ تۈگشەمىز ،ئاتا ـ ئانىمىز قانداق قىلدۇ ،

ئەمسە ھەممىز زەھەر تاشلاش ئورنىغا بارايلى ،

ئۇنداق قىلساق مەكتەپتىن قوغلايدۇ،

ئەمسە قانداق قىلمىز

ئالدى بىلەن ھېلقى رەنا دېگەن بوزۇقنى راسا ئەدەپلەيمىز ئاندىن ياتاقتا زەھەر تاشلايمىز بىز چەكىلى تېخى بىر نەچچە ئايلا بولدى ئىشنىمەن چوقۇم تاشلىيالايمىز ،بىزدە ئىرادە بولسىلا بولدى دېدىم ،ھەمىسى بېشىنى لىڭشىتىپ پىكرىمگە قوشۇلدى ،

شۇنىڭ بىلەن بىر كۈنى كېچىدەسىرىتتا رەنانى پايلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئاغزىنى ئېتىپ تاغارغا قاچىلاپ شەھەر سىرتىغا ئەپچىقىپ ئالتە ئوغۇل بالا راسا ئۇردۇق ،دە ئۇنىڭ ئۆلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن بېشىدىكى تاغارنى ئېلۋېتىپ شۇ يەرگە قالدۇرۇپ قويۇپ قايتىپ كەلدۇق ،

ياتاقا قايتىپ كېلىپ ھەممىز بىر ـ بىرمىزنى كارۋاتقا باغلاپ خۇمار بېسىقتۇردۇق ،پۇت ـ قوللىرمىز سېقىراپ ئاغرىيتتى ،باشلار قاياتتى ،ۋاقىرايتتۇق ،ئامال بولمىدى ،دېدارنىڭ خومارى بەك ئېغىر تۇتتى ئاغزىدىن مازغاپ يېنىپ بىزنى قورقىتاتى ،بىر كۈنى بىر يىلدەك شۇنداق تەسلىكتە ئۆتكۈزدۇق ،ئەتىسى پۇت ـ قۇلۇمنىڭ سىقىراپ ئاغرىشىغا چىداپ تۇرالماي مەكتەپ قايناقسۇخانىسىدىن باشقا ياتاقتىن چايدان

ئاريەت"بزنىڭ ياتاقتىكى چايدانلارنى دېدار مەس بولۇپ كېرسە توپ قىلىپ تېپىپ پەگىرنى ئۇچراتتى شۇڭا چايدانسىز ئىدۇق"

ئېلىپ قايناقسۇ ئەكىردىم ،ئاپام سەكسەنخالتىچىغا سوقتۇرۇپ بەرگەن ئىسسقلىق دورىلارنى چايغا تۆكۈپ تەمنى چىقارغاندىن كىيىن يوغان ئىككى چىلەككە قۇيۇپ ئىككى پۇتۇمنى تىزىمغىچە چىلاپ ئولتۇردۇم ،دەسلەپ خېلى قۇيۇپ بەرگەندەك قىلىسمۇ ،كېيىنچە تېخمۇ بەك ئاغرىشقا باشلىدى ،ئالتىنچى ئايدا قىلىن يۇڭ ئىشتانلارنى كىيىپ باقتىم ،بۇ ئاغرىق قۇيۇپ بېردىغاندەك ئەمەس ئىدى ،

دېدار ،يەنە باشقىلار يەنە قايتا چېكىشكە باشلىدى ،بەزى ئۇكۇل قىلىپ ئۇراتتى ، تاماكا ئادەمنى خۇمار قىلمايدىكەن ،ئادەم تاماكىغا ئۆزى خومار بولدۇم دەپ نېرۋىغا ئۇچۇر بېرىپ نىېرۋا سىستىمنى قالايمقان قىلىپ نېرىمىزنى زەھەرگە ،تاماكىغا خومار قىلدىكەنمىز ،

ئىرادىسىزلىكىم تۆپەيلى نىجىس زەھەرنى يەنە چەكتىم ،چېكىشلا ئەمەس دېدار بىلەن بىرلىكتە بىر شپىرىستا ئوكۇل قىلىپ سالدىم ،دېدارنىڭ ئۆي ساتقان پۇلمۇ تۈگەپ قالدى ئاق ئېلىش ئۈچۈن ،پۇل بولۇش كېرەك، پۇل بولۇش ئۈچۈن ،بىرەر ئىش تېپىپ قىلىشنى ئويلىغان بولساقمۇ لىكىن ،بىزنىڭ جىسمانىي قۇۋۋتىمىز بۇنىڭغا يار بەرمەيتتى ،

بۇللايلى ،ئوغۇرلاريلى دېدى قارمايلىق ياتاقدېشىم نۇرئەلى ،

نېمە ئوغۇرلۇق ؟؟؟؟

بولمىسا قانداق قىلىمىز ،

ئۇنىڭ پىكىرمۇ يامان ئەمەس ئىدى ،شۇنىڭ بىلەن سۇ ئۆتمەس پىلاندىن بىرنى تۈزۈپ ئوغۇرلۇق قىلدۇق ،پىلان مۇكەممەل بولغاچقا ئوڭۇشلۇق بولدى ،ئوغۇرلىغان پۇلغا چېكىملىك ئېلىپ ياتاققا ماڭساق ئالدىمىزغا رەنا ئاخساپ دەسسەپ ئۇچراپ قالدى ،

دېدار ھچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك ئۈنىڭ ئالدىغا بېرىپ ،

گۆزلۈم نېمە بولدۇڭ ،يەر چىڭداش ماشىنىسى بېسىپ ئۆتۈپ كەتكەندەك ياپلاق بۇلۇپ قاپسەنغۇ ،

ۋىيسسسسسسسسسسسسسسسسسسست ،ھەممىز قاتتىق كۈلدۇق كۈلگەندىمۇ ئىچى ـ ئىچىمىزدىن چىقىرىپ كۈلدۇق ،دېمىسمۇ ،رەنانىڭ بىر پۇتى ئاخساق ھاسسا تاياققا چۈشۈپ قالغان ئىدى ،قۇلى بوينىغا ئېسىلغان ،يۈز كۆزلىرى ئىشىق ،بەك ھەجىۋ بۇلۇپ قالغان ئىدى ،

خەپ دېدى رەنا ،بىر ـ نەچچە لۈكچەك مىنى ئۇردى ،تۇتۇۋالدىغان بولسام ئەۋلادىنى قۇرتىۋېتىمەن ،دېيىشىگە ،

نۇرئەلى ،ئوخو رەناخان كىم ئۇردى سىنى بۇنچىۋالا ،ئۇلارنىڭ چىرايىنى كۆرەلىدىڭمۇ ،مەن بىر ئەدەپلەپ بېرەي ئۇ شوركىلارنى ،

ياق كۆرەلمىدىم ،دېدار بۇيۇمدا سىنىڭ بالاڭ بار ئىدى ئۇ لۈكچەكلەر ئۇرۇپ چۈشۈرۋەتتى ،ئەمدى قانداق قىلمىز ،

قانداق قىلاتتۇق ،ئامال يوق ،دەپلا پىشنى قېقىپ كېتىپ قالدى دېدار ،ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىزمۇ ئىسقىرشىتىپ يۈرۈپ كەتتۇق ،ياتاققا قايتىپ كەلگەندە نۇر ئەلى دېداردىن ،

ھەي راسلا سىنىڭ بالاڭ بولسا قانداق قىلسەن ،دەپ سۇرسا دېدار

كىم بىلدۇ ،كىمنىڭ ھاراملىقى ئۇ ،مىنىڭ بولغان تەقدىردىمۇ ئۆز جېنىمنى بېقىپ بۇلالمايۋاتقاندا يەنە بىر سوقۇندامىنى نەدە سۆرەپ يۈرمەن دېدى ،

ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ توۋا دەپ ياقامنى چىشلەپلا قىلدىم ،بىزگە ئوخشاش چىكەرمەنلەرگە ،بالا ،ئانا قېرىنداشلار ھچنىمە ئەمەس ئوخشايدۇ ،

ئوغۇرلىغان پۇلارمۇ ئۇزاق خەجلىشمىزگە يەتمىدى ،يەنە ئوغۇرلۇق قىلماقچى بولدۇق

،ساقچىلارمۇ قۇلنى يۇيۇپ نان يەيدىدۇ دە ،بىز تاش ساناپ بولغۇچە قۇم ساناپ بىزنى دەل ئوغۇرلۇق قىلۋاتقان نەخ مەيداندىلا قولغا چۈشۈردى ،ھەر تەرەپكە تىپىرلاپ قاچاتتىم ،ساقچىلاردىن ،جىنايى قىلمىشىمدىن قورقۇپ ئەمەس بەلكى قىلغان ئىشلىرىمنى ئاپامنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ قاچاتتىم ،قانۇن تورى كەڭ يەنىلا قېچىپ كېتەلمىدىم ،ساقچىلار جىنايى پاكىتلارنى قولغا چۈشۈرۈپ بىزنى بۇلاڭچىلىق ،زەھەر چېكىش ،جىنايىتى بىلەن توختۇپ قويدى ،مەكتەپ رەھبەرلىكى بىزنىڭ قىلمىشىمىزنى بىلگەندىن كېيىن بىزنى مەكتەپتىن چىكندۇرۇشنى قارار قىپتۇ ، قانۇن دوختۇرلىرى بىزنىڭ بەدەم ساپايىمىزنى ئۇمۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ ھەممىمىزنىڭ ئەيدىس ۋىروسى بىلەن يۇقۇملانغانلىقىمىزنى ئېيتتى ،تو ۋا ،،،،،،تو ۋا ،،،،،تو ۋا قىلدىم ،جاھان ،نەس جاھان ،ھايات قاغجىرغان ،شەيتان كەينىگە كىرگەن نەس ھايات ،نىمىشقىمۇ دىدارنىڭ تۇغۇلغان كۈنگە بارا بولغۇيتۇم ،نىمىشقىمۇ ئىپلاس رەنانىڭ دامىغا چۈشكەن بولغۇيتۇم ،دەپ قاتتىق پۇشايمان قىلدىم ،دۇنيادا ھەممە نەرسىنىڭ دورىسى بار ئىكەن ،بىر پۇشايمان بىلەن ئەيدىسنىڭ دورىسى يوق ئىكەن ،ساقچىلار بىزنىڭ ئەيدىسنى قانداق يۇقۇملاندۇرۋالغانلىقىمىزنى ئىنقلاپ ،دىدارنىڭ رەنا بىلەن بىرگە بۇلۇپ رەنادىن يۇقتۇرغانلىقنى مەن ھەم قالغان ياتاقداشلارنىڭ دىدار ئىشلەتكەن شپىرىسنى ئورتاق ئىشلەتكەنلىكىمىز سەۋەبىدىن يۇقتۇرغانلىقىمىزنى ئېيتتى ،بۇنى ئاڭلاپ ھەممىمىز دەسلەپ دىلداردىن كۆرگەن بولساقمۇ لىكىن كېيىنچە ئۇنىڭمۇ بىزگە ئوخشاشلا باشقىلارنىڭ قۇربانى ئىكەنلىكنى ئويلاپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىشتۇق ، ساقچىلار ھەممىمىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا خەۋەر قىلىپ ئەكەپتۇ ،ئاپام مىنىڭ پەرىشتە ئاپام مىنى كۆرۈپلا ماڭا ئېتىلىپ كېلىپ مىنى قاتتىق شاپىلاقلاپ ئۇرۇپ كەتتى ،مىنى قاتتىق ئۇرۇۋېتىپ زەخىملەندۈرۈپ قويۇشتىن قورقتى بولغاي ،ئۆزىنى ئۇرۇشقا باشلىدى ،"ھەي ئانىلار ھەر ۋاقىت بالام دەپ كۆيىندۇ دە "

ئىست ، ، ، ،ئىست سىنى ىېقىپ چوڭ قىلغىنىم،ئىست ساڭا بەرگەن ئاپپاق سۈتۈم ،سىنى دەپ بىر ئۆمۈر تۇل ئۆلتۈرىغۇنۇم ،سىنى ئۆگەيلەپ قالمىسۇن دەپ تۇرۇكسىز ،تايانچسىز ياشاپ كەلگىنىم ،داداڭ دېگەن ئوغرى پاتاڭدا بىر قەرىزگە بوغۇپ قۇيۇپ سەن ئەقىلسىز بىلەن قالدۇرۇپ كەتتى ،يەرلىككىدە سەن ئىپلاسنىڭ ئىشلىرىنى كۆرۈپ ئۆرە ئۆلتۈرغاندۇ ،ئاھ ئالالاھ بۇ ماڭا نىمە تارتقۇلۇق ،بۇ ئەبلەخ لاي پاچاقنى باقىچە بىر ئىت باققان بولسام كىچە ـ كۈندۈز هويلامغا قارا بولغۇيتتى ،

پەرىشتە ئاپام توختىماي يىغلاپ تۇيۇقسىز يەرگە يىقىلدى ،ئاپامنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاپامنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتىم ،ئاپامدىن سادا چىقمايتتى ،ساقچىلار دوختۇرلارنى چاقىرىپ كەلدى ،دوختۇرلار ئاپامنى تەكشۇرگەندىن كىيىن مىڭسىگە قان چۈشۈپتۇ دەپ دوىتۇخانغا ئېلىپ كېتىشتى ،ساقچىلار مىھرىبان قىلىپ ،مىنمۇ ئاپامنىڭ كەينىدىن دوختۇرخانغا ئېلىپ باردى ،ئاپام ئوخلىغان ئىدى ،ئوخلىغاندىمۇ مەڭگۈگە ئوخلىغان ئىدى ،ئاپامنىڭ يۈزنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن كېسەلخانىغا كىرىدىم ،ئاپام كۆزنى خىرە يۇمۇپ ياتاتتى ،خۇددى بىر نەرسىگە قىيمىغاندەك، تەشۋىشلىك چىقىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ يۈركۈم ئېچىشتتى ،مىھرىبان ئاپامنىڭ كىچكىمدىن بۇشكۇمنى تەۋرىتىپ ،كىر ـ قاتلىرىمنى يۇيۇپ ،پۇتۇمغا تىكەن كىرسە تىكەنى چىقىرۋېتىش ئۈچۈن ئاغزى بىلەن شوراپ ئېلىپ ،باشقىلار مىنى بوزەك قىلسا ئۆزى ئوتتۇرغا چۈشۈپ مىنى قوغدىغانلىقلىرى ،ئوقۇش پولۇمنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۆيمۇ ـ ئۆي كىرىپ باشلىقلارغا يالۋۇرغانلىقى ،مىنى باشقا باي باللىرنىڭ ئالدا بۇيۇن قىسىپ قالمىسۇن دەپ ئۆزى ياماپ كەيسىمۇ ماڭا يېڭنى كەيدۇرگەنلىرى كىنو لىنتىسىدەك كۆز ئالدىمدا نامايەن بۇلۇشقا باشلىدى ،

پەرىشتە ئانا دەپ توختىماي ۋاقىراشقا باشلىدىم ،ئىھ ئۇلۇغ" ئانا "پەرىشتە بولغان بولسىمۇ سىنىڭدەك قىلماس بولغۇيتتى ،سەن بارچە ئىسىل خىسلەتلىكلەردىنمۇ ئۇلۇغ

ئانا ،سەن مىنىڭ بارلىقىم ئىدىڭ ،سەن مىنىڭ ھاياتىم ئىدىڭ ئاپا ،مەن سېنى ھەرەمگە يۆدۆپ ئاپارماچى ئىدىمغۇ ئاپا ،مەن نېمە قىلدىم ،نىمىش قىلدىم ،ھەتتا سەن پەرەشتە سۆپەت ئىنسانىمۇ خاپىلىقتا ئۇ دۇنياغا قارايىڭدىن بۇرۇن يولغا سالدىمغۇ ،مىنى باققانىڭ ئورنىغا بىرەر ھايۋان باقان بولساڭچۇ ئاپا ،مەن قانداق قىلاي ،ئەمدى قانداق قىلاي ،مەن مەئۇن ،مەن ھايۋان ،مەن ئالۋاستى ،مەن شەيتاننىڭ كەينىگە كىرگەن ئىپلاس ئاپا ،

كاللامغا دەمەل ئۆلۈپلىش كەلدى دە ،يۈگرەپ بىرىپ تامغا قاتتىق ئۇسۇدۇم ،ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن ،ھوشۇمغا كېلىپ قارسام كېسەلخانىنىڭ كارۋېتىدا ياتمەن ،ساقچىلار مىنىڭ ھوشۇمغا كەلگەنلىكمىنى كۆرۈرپ ماڭا توختىماي ئىديۇېي خىزمەت ئىشلدى ،مەنمۇ ئۆزۈمنى بۇ پاتقاقتىن قۇتۇلدۇرۇپ ياخشى يولغا مېڭىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە ماسلىشىپ رەنانى پاش قىلدىم ،ئۇنى ساقچىلار تۇتۇپ سوراق قىلسا ئۇمۇ نۇرغۇن زەھەر ياسايدىغان ،ساتىدىغان ،چېكىدىغان ،ئالدىغان بۇلۇپ بىرەر يۈز ئادەمنى ئىقرار قىپتۇ ،

ساقچىلار بىزنى زەھەر چەكلەش ئورنىغا ئاپىرىپ بىر تەرەپتىن زەھەر تاشلاتقۇزسا بىر تەرەپتىن ئەيدىز كېسلىمىزنى داۋالاۋاتىدۇ .

خومارىم بېسلىپ كاللام تېنىچلانغاندا رەھمەتلىك ئاپام كۆز ئالدىمغا كېلۋېلىپ مىنى پەقەت ئارامىمدا قويمايدۇ ،ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۋېتىپ ئۇنىڭ قېشىغا بالدۇراق بېرىشنى ئويلىسامۇ لىكىن ئۇنىڭ مېنى ئۇ ئالەمدىمۇ كەچۈرمەسلىكىنى ،تۇپراقنىڭمۇ مىنى ئۆز قوينىغا ئالماسلىقىدىن قورقۇپ يەنە نېيتىمدىن يېنىپ قالمەن .

"خاتىمە "

زەھەر تاشلاش ئورنىدا ئۈچ يىل تۇرۇپ ھەم جازا مۇددىتىمنى يەڭگىلتىپ ھەم زەھەر تاشلاپ قايتىپ چىقتىم ،مەنلا ئەمەس بىر ياتاقتىكى تۆتىمىز بىرگە قايتىپ چىقتۇق

،دېلدار دادسغا تاينىپ زەھەر تاشلاتقۇزۇش ئۈرنىغا بارماي ،ساختا ئوكۇلنى ئۆزگە ئۈرۈپ قېتىپ ئۆلۈپتۇ ،قارمايلىق نۇرئەلى ئۆپكىسگە سۇ چۇشۇپ تۇرمدە ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ ،بىز تۆتىمىز بىر ـ بىرمىز بىلەن خوشلۇشۇپ ئۆز يۇرتلىرمىزغا قايتىپ كېلىشتۇق .

مەن ئاپامدىن قالغان ئۆيگە قايتىپ كېلىپ كۆندە ئاپام، دادامنىڭ تۇپراق بېشنى يوقلاپ ،مازارلىقغا گۈل تىكىپ، كۆچەت سېلىپ ،پەرۋىش قىلۋاتمەن ،هويلا ـ ئارام سەينالارنى قايتىدىن ئاپام بار هالەتكە كەلتۇرۇپ دادام ،ئاپامنىڭ چىرقىنى ئۆچۈرمەسلىك ئۇچۇن تىرىشۋاتمەن ،ئۆزۈمنىڭ قاچان ،قايسى ۋاقتتا ئەيدىس كېسلىنىڭ قوربانى بۇلۇپ ئۆلۈپ كېتىشمنى بىلمەيمەن ،شۇڭا بۇ ساناقلىق قالغان ئۇمرۇمنى ساۋابلىق ئىشلارغا بېغىشلاش ئۇچۇن ،تىنماي ئىشلەۋاتمەن ،تاپقان ئازغىنە پۇللارنى بولسا تەبئىي ئاپەتكە ئۇچۇراپ ئاتا ـ ئانسىدىن يېتىم قالغان سەبىيئلەر ئۇچۇن نامسىز ئەۋەتىپ تۇرۋاتمەن ،هەر هەپتە ئولۇغ جۇمە نامزىدا جاهاندىكى بارلىق ماڭا ئوخشاش ئازغۇ ياشلارنىڭ نىجس شەيتاننىڭ ،ئادىمي جىنلارنىڭ كەينىگە كىرمەسلىكنى ،چەكلىك هاياتنى چەكسز ساۋابلىق ئىشلارغا بېغىشلاپ مەنلىك ئۆتكۆزىشنى ئولۇغ ئاللاهتىن تىلەۋاتمەن .

ئولۇغ ئاللاه هەر بەندە بولسا كۆڭلگە ئىنساب ،ديانەت بەرگەي ،قىزلىرمگە شەرمي هايا ،قىزلارغا خاس ئېپەت نازاكەت ئاتا قىلغاي ..................................

ئەسەر مەنبەسى :جەلپكار تورخاترىسى

ئېلكتاپ ياسغۇچى :ئەزىز